# 145950 ـ كرىسمىس بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىنى تۈرلۈك شار-بالۇنلار بىلەن زىننەتلىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

ەنگىلىيدە ياشاۋاتقان بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار، يېڭى يىل كۈنى كەچتە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئائىلىسىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن بايرام پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلار ، توخۇ كاۋپىي ۋە ئۆزلىرى يېڭى يىل ھارپىسىدا تەييارلاپ ئادەتلەنگەن يېمەكلىكلەرنى تەييار قىلىدۇ، ئۆيلىرىنى رەڭگارەڭ شار-بالۇنلار ۋە رەڭلىك قەغەزلەر بىلەن زىننەتلەيدۇ، (سانتا سىري) نامىدا بىر-بىرىگە يوشۇرۇن سوۋغا تەقدىم قىلىشىدۇ، سوۋغا تەقدىم قىلغۇچىلار ئۆزىنى بىلدۈرمەيدۇ، (سانتا سىري دېگەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يېڭى يىل بايرىمىدا، سانتا كىلۇز قارشى بىلەن داۋاملاشتۇرىدىغان خۇراپىي ئادەتتىن ئىبارەت). بۇ ئىش توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟بۇ پائالىيەتكە پەقەت (ئۇرۇق-تۇغقانلار) ۋە مۇسۇلمانلارلا قاتنىشىدۇ. بۇ ئىش توغرىمۇ ياكى خاتامۇ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالLAه تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالLAه تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يۇقىرىدىكى سوئالدا بايان قىلىنغان بايرام پائالىيىتىنىڭ چەكلەنگەن پائالىيەت ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق، چۈنكى ئۇنىڭدا كاپىرلارنى دوراش ئىپادىلىنىدۇ. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت بايرىمىدىن شۇنداقلا، ھەپتىلىك جۈمە كۈنىدىن باشقا ھېيت-بايرىمى يوق. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بايرام چەكلىنىدۇ ۋە چەكلەنگەن بايرام تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ: بىدئەت، يەنى مەۋلۇت پائالىيىتىگە ئوخشاش ئالLAه تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر بىدئەت ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى: كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق، ئەگەر بايرام-پائالىيەت ئالLAه تائالاغا يېقىنلىشىش يولى بىلەن ئەمەس بەلكى ئادەت بولغان يول بىلەن بولسا كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق بولىدۇ. چۈنكى بىدئەت- بايراملارنى ئاساسەن ئەھلى كىتابلار پەيدا قىلغان بولۇپ، بىز ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرساق، ئۇلارنىڭ بايرام كۈنىدە ئۇلارغا ئوخشاشلا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قانداق توغرا بولىدۇ؟.

ئۇلارنىڭ بايرام كۈنلىرىدە ئۆيىنى رەڭلىك قەغەز ۋە تۈرلۈك شارلار بىلەن زىننەتلەش، كاپىرلارنىڭ بايرام كۈنىدە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ئوچۇق-ئاشكارا شېرىك بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان بۇ كۈننى ئالاھىدە يېمەك تەييارلايدىغان، ئۆيىنى زىننەتلەيدىغان ياكى ئايرىم پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس كۈن قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر كاپىرلارنىڭ بايرىمىغا

ئورتاقلىششىنى مەقسەت قىلسا بۇ كەسكىن چەكلەنگەن هارام ئىشتۇر.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ بايرام كۈنىدە ئۇلارغا ئوخشاش پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ياكى تاتلىق-تۈرۈم نەرسىلەرنى تارقىتىش ياكى ئۆز-ئارا سوۋغا تەقدىم قىلىش ياكى زىياپەت هازىرلاش، بايرام قىلىش ئۈچۈن قەستەن خىزمەتكە بارماي دەم ئېلىش قاتارلىق ئىشلار هارام بولىدۇ يەنى قاتتىق چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ: كىمكى باشقا مىللەتكە ئوخشىۋالسا، ئۇ كىشى شۇلاردىن هېسابلىنىدۇ دېگەن هەدىسىگە ئاساسلىنىپ چەكلىنىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ: "توغرا يولغا ئەگىشىش ۋە جەھەننەم ئەھلىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "بەزى هېيت-بايراملارنى كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا ئوخشاش ئېلىپ بېرىش ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇرسەنلىككە چۆمىدۇ، ھەتتا ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قارىتىش پۇرسىتى هازىرلىنىدۇ". تۈگىدى.

كىمكى بۇنداق ئىشنى قىلىدىكەن، مەيلى ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن قىلسۇن، ياخشى كۆرۈپ قىلسۇن، خىجىل بولۇپ قىلسۇن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن قىلسۇن بۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا ياغلىمىچىلىق قىلغانلىق ۋە كاپىرلارنى روھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز دىنى بىلەن پەخىرلىنىشىگە سەۋەب بولۇشتىن ئىبارەتتۇر". [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين پەتىۋالىرى 3-توم 44-بەت].

بۇ مەسىلىگە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: "مۇسۇلمانلاردىن بەزى كىشىلەر يېڭى يىل بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كۈنىدە خرىستىئانلارنىڭ خۇسۇسى يېمەكلىرىنى تەييار قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەھۇدىيلارنىڭ ۋە باشقا دىنسىزلارنىڭ بايرىمىدا ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ ساتىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشى توغرىمۇ؟ دەپ سورىغاندا تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بېرىدۇ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بايرام پائالىيىتىگە خاس بولغان يېمەكلىك، كىيىم-كېچەك، شام يورۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشى توغرا بولمىغاندەك، نورمال تۇرمۇش ئادىتى ياكى كۈندىلىك ئىبادەتلىرىنى مەزكۇر بايرام سەۋەبلىك تەرك قىلىش توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ كۈنگە توغرىلاپ توي، ئەقىقە، بىر-بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىشى توغرا بولمايدۇ. باللارنى بۇ كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن چىرايلىق كىيىندۈرۈپ باغچىلارغا ئېلىپ بېرىپ ئوينۇتۇشىمۇ ياخشى ئەمەس. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ بايرام كۈنلىرىگە خاس بولغان ئىشلاردىن هېچ بىرىنى قىلماسلىق لازىم. بەلكى ئۇ كۈننى ئادەتتىكى كۈنلەردەك ئۆتكۈزۈش كېرەك.

ئۇلارنىڭ بايرام كۈنىگە ماسلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئىسلام ئالىملىرى ئارىسىدا هېچ

ئىختىلاپ يوق، بەلكى بىر قىسىم ئالىملار بۇنداق قىلغانلارنى كۇپرى ئىشنى قىلغانلىق دەپ قارايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا كاپىرلارنىڭ دىنى شۇئارلىرىنى ئۇلۇغلاش شەكىللىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: ئۇلار بايرام كۈنىدە چوشقا ئۆلتۈرگەندەك قوي بوغۇزلىغان كىشىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش دەپ قارايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلاردىن كىمكى، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۆرلۈك بايرام ۋە دىنى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلارغا ئوخشاش ياشاپ دۇنيادىن كەتسە ئۇ كىشىمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن بىرگە جەملىنىدۇ".

سۆنەنى ئەبۇ داۋۇتتا سابىت ئىبنى دەھهاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر كىشى بەۋانە دېگەن جايدا تۆگە ئۆلتۈرمەن دەپ نەزىر قىلغان. ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن بەۋانە دېگەن جايدا تۆگە ئۆلتۈرمەن دەپ نەزىر (ئەھدى) قىلغانتىم دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇ يەردە جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنىدىغان بۇتلار بارمىدى؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى: ياق دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئۇ يەردە كاپىرلار بايرام پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزەمتى؟ دىدى. ئۇ كىشى: ياق دىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: قىلغان نەزرىنى ئادا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بەدىلىگەۋە ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسە ئۈچۈن نەزىر قىلىش يوق، دېگەن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەسلىدە قىلغان نەزىرگە ۋاپا قىلىش پەرز بولسىمۇ ئۇ كىشىگە دەرھال رۇخسەت قىلماستىن، بەلكى ئۇ جايدا جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ھېچ بىرىنىڭ بولمىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن نەزرىنى ئادا قىلىشقا رۇخسەت قىلدى ۋە: « ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بەدىلىگە نەزىرگە ۋاپا قىلىش يوق،» دېدى. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان بايرام ئورۇنلىرىدا مال بوغۇزلاشتىن چەكلىگەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ ھېيت ـ بايرام پائالىيىتىگە قاتنىشىش قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟!.

مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلار ۋە ئىسلام ئالىملىرى غەيرى دىندىكىلەرگە: مۇسۇلمانلار دىيارىدا كاپىرلار دىنى پائالىيەتلىرىنى ئاشكارا ئېلىپ بارماسلىق، ئۆز ئۆيلىرىدە مەخپى ئېلىپ بېرىشنى شەرت قىلغان تۇرسا، بۇنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئاشكارا ئېلىپ بارسا قانداق بولىدۇ؟، ھەتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "يات مىللەتنىڭ يەنى ئەجەملەرنىڭ چۈشىنىكسىز سۆزلىرىنى ئۆگەنمەڭلار، مۇشرىكلارنىڭ بايرام كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا كىرمەڭلار، چۈنكى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشىدۇ،" دېگەن.

ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە دىنى بايرام پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىپ بېقىشمۇ چەكلەنگەن تۇرسا، كاپىرلارنىڭ دىنى شۇئارىغا ئورتاقلىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرايدىغان ئىشلارنى قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟!.

كۆپچىلىك سەلەپ ئالىملىرى ئاللاھ تائالانىڭ: والذين لا يشهدون الزور تەرجىمىسى: ئۇلار باتىل ئىشلارغا ھازىر بولمايدۇ دېگەن ئايەتتىكى باتىل ئىش كاپىرلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىدىن ئىبارەت دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئورتاق بولماي پەقەت

مۇراسىمغا ھازىر بولغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ بايراملىرىغا خاس بولغان ئىشلارنى قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟!. ھەدىس توپلاملىرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى كاپىر قەۋمنىڭ بىرەرسىگە ئوخشىۋالىدىكەن ئۇ كىشى، شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ھەدىسى ۋە: بىزدىن باشقا بىر مىللەتكە (كاپىرلارغا) ئوخشىۋالغانلار بىزدىن ئەمەس، دېگەن ھەدىسلىرى سەھىھ ھەدىس بولۇپ، غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىۋالغانلارنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئادەت قىلىۋالغانلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ، ئەلۋەتتە. تۈگىدى. ["چوڭ پەتىۋالار" ناملىق ئەسەر 2-توم487-بەت ۋە "پەتىۋالار توپلىمى" 25-توم 329-بەت].